# نادىرە ۋە گۈل



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

بىر كۈنى نادىرە سەيلە قىلىش ئۈچۈن مۈشۈكىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ ۋە دەل-دەرەخلەرنى بويلاپ مېڭىپتۇ.



نادىرە چىرايلىق ئېچىلغان قىزىل گۈلنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنى ئۈزۈش ئۈچۈن قول ئۇزارتىپتۇ.



نادىرە گۈلنىڭ غولىغا قولىنى تەگكۈزۈشى بىلەن تەڭ گۈل ئۇنىڭ قولىغا بىر تال تىكىنىنى سانجىپتۇ، ئۇ ئاغرىققا چىدىيالماي ۋارقىراپ كېتىپتۇ.




- نادىرە، مېنى كەچۈرۈڭ، سىز مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانتىڭىز، مەن سىزدىن قوغدىنىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىم.
- مەن پەقەت سىزنى ئوينىماقچى ۋە خۇشبۇي ھىدىڭىزدىن ھوزۇرلانماقچى ئىدىم.


- مېنى ئويناپ ئويناپ يەرگە تاشلىۋېتىسىز!
- ئاللاھ سىزنى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ياراتقانغۇ؟

- ئاللاھ مېنى ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىگە شاد-خۇراملىق بېغىشلاش ئۈچۈن ياراتتى، مەسىلەن: كېسەل كىشى مېنى كۆرسە كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدۇ.




ئىنسانلار مەندىن ھەرخىل
شەربەتلەرنى، مۇراببالارنى
ۋە ھەدىيەلىك ئەتىرلەرنى
ياسايدۇ، بۇلارنى
بىلمەمسىز؟!


- ئاپلا! بۈگۈن ئانامغا
ھەدىيە تەييارلاشنى
ئۇنتۇپلا قاپتىمەن.
ھەدىيەنىڭ گېپىنى
قىلسىڭىز، ئانام
ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.
- ئانىڭىزغا مېنى ئېلىۋېلىڭ
ئەمسە، مەن ئانىڭىزنىڭ
قەلبىگە خۇشاللىق
بېغىشلاشنى ياخشى
كۆرىمەن، ئۇ مېنى كۆرسە
چوقۇم خۇشال بولىدۇ.